# سېھىرگەر ۋە رامباللاردىن ئاگاھ بولۇش توغرىسىدا

﴿ التحذير من السحر والشعوذة ﴾

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]


پەزىلەتلىك شەيخ سالىھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇمەيد

تەرجىمە قىلغۇچى:  سىراجىددىن ئەزىزى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2009 - 1430

islamhouse.com

# ﴿ التحذير من السحر والشعوذة ﴾

«باللغة الأويغورية»

الشيخ صالح بن عبد الله بن حميد

ترجمة: سراج الدين عزيزي

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2009 - 1430

islamhouse.com

# سەھەرگەر ۋە رامباللاردىن ئاگاھ بولۇش توغرىسىدا

2009-يىلى 04-ئاينىڭ 10-كۈنىدىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ -سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان يۈزمىڭلارچە مۇسۇلمانلارغا، "ئىسلام دۇنياسىدا جىنكەشلىك، سەھەرگەرلىك، رامباللىقلارنىڭ كەڭ تارقىلىپ كېتىشى ئەقىلنىڭ ناقىسلىقى، دىن-دىيانەت ۋە ئەقىدىنىڭ سۇسلىقىدىندۇر" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھدىن قورقۇڭلار! ئاشكارا- مەخپى ھاللاردا تەقۋا قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا - ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنى دائىرىسىدىن ھالقىپ كۈپرى دائىرىسىگە كىرمەسلىك، پالچى-رامباللار ۋە دەججاللارغا ئالدىنىپ، ئۇلارنىڭ ھىلە-مىكىرىسىگە ئالدانماسلىق لازىم. سەھەرگەرلەر، رامباللار ئىنسانلارغا پايدا يەتكۈزەلەيدۇ دېگەن قاراشتا بولماسلىقى كېرەك.

بىز پەرۋەردىگارىنى تونۇغان، دىنىنى چۈشەنگەن، ئىماندا سادىق، تەۋھىدى خالىس، ئاللاھقا ئۆز لايىقىدا تەۋەككۇل قىلغان كىشىلەرنىڭ جەمئىيىتىدە، زامانىۋى بىلىملەر تەرەققىي قىلغان، بىلىم تەجرىبىخانىلىرى زامانىۋى شەكىلدە تەرەققىي قىلغان ئىلغار بىر

جەمئىيەتتە ياشاۋېتىپمۇ ئائىلە ۋەيران بولۇش، ئىجتىمائىي ئالاقىسى بۇزۇلۇش، روھىي ئىزتىراپلىق تەھدىتىگە دۇچ كەلمەكتە.

سېھىر، سېھىرگەرلىك، پالچى-رامباللىق ئىنسانلار ئىچىدىكى شەيتانلارنىڭ قىلمىشلىرىدۇر. سېھىرگەرلەر ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنىدۇر. سېھىرگەر ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاللاھتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئۈچۈن سادىر قىلىدۇ. سېھىرگەرلەرنىڭ بۇ قىلمىشلىرى دىندىن چىقىپ كاپىر بولۇپ، جىن-شەيتانلارغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن سادىر بولىدىغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى ئۆزى ياخشى بىلىدۇ.

ئىسلام ئالىملىرى بىردەك سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىش، سېھىر قىلدۇرۇشنىڭ ھاراملىقىنى بېكىتكەن. بەلكى سېھىرگەرنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. پالچى-رامباللار، سېھىرگەرلەر كىشىلەرنىڭ مال- دۇنياسىنى ھەقسىز يەۋېلىشنىلا مەقسەت قىلىدۇ. ئىنسانلارنى ئالدايدۇ. پالچىلار دەججاللاردىن بولۇپ، يۇلتۇزلار ۋە يۇلتۇزلارنىڭ مەنزىللىرى، ھەرىكەتلىرىگە ئاساسلىنىدۇ. بۇ ئىشلار ھەممىسى تەخمىنى پەرەزلەر بىلەن، كىشىلەرنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھەركىم سېھىرگەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ دۈشمىنى، ياكى ھەرقانداق كىشىگە سېھىر قىلىش، ئۆچ-ئامراق قىلىش، ئەر-خوتۇن ئارىلىقىنى ئايرىۋېتىش دېگەندەك مەسىلىلەردە سېھىر قىلدۇرىدىكەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان، ئۆزى ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلغان زالىم ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنى بۇنداق قىلمىشلارنى قاتتىق چەكلىگەندۇر.

بۇنداق خەتەرلىك ئىجتىمائىي كېسەلدىن قۇتۇلۇش ۋە ساقلىنىشنىڭ بىرلا يولى ئىسلام يولىدۇر.

مۆمىنلەر ئۆزى ۋە مۆمىنلەر جەمئىيىتىنى بۇنداق رەزىل ئىللەتلەردىن ئىمان كۈچى ئارقىلىقلا ساقلىيالايدۇ. داۋاملىق ئاللاھ بىلەن بولۇش، سەمىمىي ھالدا ئاللاھقا ئىشەنچ باغلاش، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش مۆمىننى كۆز، سېھىر، جىن ئاپەتلىرىدىن ساقلايدۇ. ئاللاھتىن قورققان ھەقىقى تەقۋا قىلغان كىشى ئۇچۇن چىقىش يولى باردۇر. مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنى مەزكۇر ئاپەتلەرنىڭ شەررىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سابىت بولغان ئىلاھىي قورغاندىن ئىبارەت دۇئالارنى كۆپ ئوقۇش، ئاللاھتىن پانا تىلەش ئارقىلىق ھىمايە قىلىشى لازىم.

جىن ئاپىتى، سېھىردىن ساقلىنىش ئۇچۇن يەنە مۇئەۋۋەزەتەيىن(قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىل فەلەق، قۇلئەئۇزۇ بىرەببىنناس)، سۇرە ئىخلاس، ئايەتەلكۇرسى، سۇرە ئەرافتىكى سېھىر ئايىتى، سۇرە يۇنۇس، سۇرە تاھا، سۇرە پاتىھە، سۇرە بەقەرەلەرنى ئوقۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ كىتابى دىلغا ھىدايەت، جىسىمغا شىپا، مۆمىنلەرگە رەھمەتتۇر ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

ئاللاھ بارچىمىزنى جىن، سېھىر، كۆز ئاپەتلىرىدىن ساقلىسۇن ئامىن!..